شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا سىنگاپور زۇڭلىسى، تايلاند زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلقئارا جەمئىيەتنى قۇربىنىڭ يېتىشچە ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا مەددىتى بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپ سىنگاپور تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللاپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو - سىنگاپور ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەر ئۆزئارا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى. ئىككى دۆلەت ئالدى بىلەن زۆرۈر خادىملار بېرىش - كېلىش قىلىدىغان «تېز، قولاي يول» بەرپا قىلىپ، كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، رايون تەمىنلەش زەنجىرى، كەسپ زەنجىرىنىڭ راۋانلىقىغا تۈرتكە بولدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى جۇڭگو - سىنگاپور مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى يارقىن نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، ئىستراتېگىيەلىكلىكى، ئۈلگىلىكلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى، شۇنداقلا جۇڭگو - سىنگاپور ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە مۇھىم ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشتى. بۇ يىل جۇڭگو بىلەن سىنگاپور دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. ئىككى تەرەپ جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنى خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشى كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى قارشى تەرەپ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «تېز، قولاي يول»دىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش كېرەك. ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قۇرۇقلۇق - دېڭىز يېڭى يولى» بىلەن ئۈچىنچى تەرەپ ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ياخشىلايدۇ، سىنگاپور تەرەپنىڭ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ سىنگاپوردىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ سىنگاپور تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئورتاق ياخشى قوغداشنى خالايدۇ.

لى شيەنلۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنياغا چوڭقۇر تەسىر ئېلىپ كەلدى. سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە جۇڭگو يۇقۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىدى. سىنگاپور - جۇڭگو ئىككى دۆلەت يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، سىنگاپور تەرەپنىڭ يۇقۇمنى يېڭىشى ئۈچۈن ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى. سىنگاپور تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھە، ئىككى تەرەپ، كۆپ تەرەپ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. سىنگاپور تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە دورا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «تېز، قولاي يول»دىن داۋاملىق ياخشى پايدىلىنىپ، «قۇرۇقلۇق - دېڭىز يېڭى يولى»نى ياخشى قۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىنگاپور تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە ئەركىن، ئېچىۋېتىلگەن سودىنى ئورتاق قوغداپ، رايوننىڭ تەمىنلەش زەنجىرى، كەسپ زەنجىرىنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى خالايدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ.

لى شيەنلۇڭ يېقىندا جۇڭگونىڭ چاڭجاڭ - خۇەيخې ئېقىن رايونىدا كەلكۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تايلاند زۇڭلىسى با يۇ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو - تايلاند ئىككى دۆلەت ئۆزئارا قوللاپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «بىر ئائىلە كىشىلىرى»دەك چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئىزاھلىدى. ھازىر، يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، جۇڭگو بىلەن تايلاند ئوخشاشلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمىغا دۇچ كەلمەكتە. جۇڭگو تەرەپ تايلاند تەرەپ بىلەن بىللە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، ئىشنى بىخەتەر ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى ساغلام ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تايلاند تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش دورىسى ۋە ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق ھالدا يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىغا تۆھپە قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - تايلاند مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى پۇختا، يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. بۇ يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، ئىككى تەرەپنىڭ سودا مىقدارى ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئاشتى، جۇڭگو - تايلاند تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى «تايلاند 4.0»، «شەرقىي قىسىم ئىقتىساد كارىدورى» قاتارلىق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىلغان ساھەلەردىكى ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - تايلاند ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ تايلاند تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، رايون دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەپ، بۇ رايوننىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

با يۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تايلاند - جۇڭگو ئىككى دۆلەت يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا قەتئىي قوللاپ، «تايلاند - جۇڭگو بىر ئائىلە كىشىلىرى»دەك چوڭقۇر دوستلۇقنى تولۇق نامايان قىلدى. تايلاند تەرەپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا نامايان قىلغان كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋاكسىنىنى يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش دورىسى ۋە ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تايلاند تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ. تايلاند تەرەپ تايلاند - جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، تايلاند - جۇڭگو دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد - سودا، يېڭىلىق يارىتىش، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تايلاند تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، رايون تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

با يۇ جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ جايلاردا كەلكۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، يۈكسەك مەسئۇل بولۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كەلكۈن مەزگىلىدىن بىخەتەر، مۇقىم، ئۆتۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سۇ كەلگىچە توغان تۇتۇش، ئالدىنئالا تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، تەلەي سىناش پسىخكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، قىسقا ۋاقىتلىق قارا يامغۇر يېغىش، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق قۇرغاقچىلىق، قۇرغاقچىلىق - ھۆلچىلىكنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى، كەلكۈن - قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالمىششىشقا تاقابىل تۇرۇشتىكى تەييارلىق خىزمەتلەرنى تولۇق ياخشى ئىشلەپ، تەييارلىقنىڭ تولۇق، ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىلمىي، تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئالدىن سىگنال بېرىش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر تەرەپلىمە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ھۆكۈم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھاۋا رايى، كەلكۈن ئەھۋالى، يامغۇر ئەھۋالى، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، كۆزىتىش - ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىن مەلۇماتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق رايون ۋە ئاپەت ئاسان يۈزبېرىدىغان رايون، يوشۇرۇن خەۋپ ساقلانغان نۇقتىلارنى چارلاش - كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە نۆۋەتچىلىك - دىجورنىلىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىسمەن رايونلاردا قارا يامغۇر كەلكۈنى، ئارىلاشما كەلكۈن، كەلكۈن، ھۆلچىلىك، گېئولوگىيەلىك ئاپەتتىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم دەريا يولى، سۇ چېلىق ئەسلىھەلىرى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى، كەلكۈن قاچىلاش رايونى، كەلكۈن ئاپىتى ئاسان يۈزبېرىدىغان رايون قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلار ۋە ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە يوشۇرۇن خەۋپلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، خەۋپ - خەتەر ساقلانغان سۇ ئامبارلىرىدىكى خەتەرنى تۈگىتىش، سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى جىددىي ياخشى ئىشلەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىشتىكى ئادەم مۇداپىئەسى، تېخنىكىلىق مۇداپىئە، ماددىي مۇداپىئە قاتارلىق تەدبىرلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاراڭغۇ رايون قالدۇرماسلىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشنى ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، غول سۇ چېلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلمىي تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش سۇ مەنبەسىنى تەڭشەپ تەقسىملەش ۋە سۇ مىقدارىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھازىر بار بولغان سۇ چېلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ سۇ بىلەن تەمىنلەش يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ ساقلاش، سۇ باشلاش، سۇ تارتىش، سۇ تەڭشەشنى تەڭ تۇتۇپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرىنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈچلىرى، جابدۇقلىرى، ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىقلارنى زاپاس ساقلاشنى ياخشى ئىشلەپ، قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، پۇختىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي پۇختىلاپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتا مەمۇرىي ئاساسلىق رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابلىرىغا ئەزا ئورۇنلار بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك دەريا، كۆل باشلىقلىرى بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، قوماندانلىق قىلىش، تەدبىر بەلگىلەش ۋە تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جىپسىلىشىشىنىڭ راۋان بولۇشى، زىچ ماسلىشىشى، تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خادىملارنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، ماددىي ئەشيالارنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، مەسئۇلىيەتنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق تەلەپ قىلىندى

كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيىتى ئالدىدا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى ۋە تەلەي سىناش پسىخكىسىنى قەتئىي تۈگىتىپ، بۇ يىللىق كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى ئىش ئورنى، ئادەمگىچە ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ، ئېغىر، زور ئاپەت خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ تۆۋەن چېكىنى ئورتاق، تولۇق ساقلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابلىرى مەسئۇلىيەت، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قوشۇن، ماددىي ئەشيا كاپالىتى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارغا قارىتا، يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تۈزەشكە ئەستايىدىل تەشكىللىشى كېرەك؛ كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، تولۇق قاپلاش، چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەلكۈن كېلىش، سۇ ئامبىرى ھادىسىسى، كەلكۈن ئاپىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشنى «ئىككى قولدا تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ۋە ئاساسىي ئوزۇق - تۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىدە باش ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش بويىچە قوماندانلىق قىلىش، تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 24 سائەت نۆۋەتچىلىك - دىجورنىلىق تۈزۈمى ۋە ئۇچۇر يوللاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

(دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان خوياڭخې شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى(دەسلەپكى لايىھە)» قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاراپ چىقىشقا سۇنغان ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىق بېجىغا كونكرېت تەتبىقلىنىدىغان باج نىسبىتى، ھېسابلاپ ئېلىش ئۇسۇلى ھەم باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش چارىسىنى بېكىتىش، «‹ئاپتونوم رايوننىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى› قاتارلىق 12 يەرلىك نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى(دەسلەپكى لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى قاراپ چىقىلدى؛ «قومۇل شەھىرىنىڭ مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» «تۇرپان شەھىرىنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» «كورلا شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدا ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «‹بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قايدۇ - كۆنچى دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ سۇ مۇھىتىنى ئاسراش ھەم بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نىزامى›نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارار» تەكشۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2020 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ خامچوت ئىجراسى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىمنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك نەق چوتى، 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى(دەسلەپكى لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلات تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدۇ، 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى(دەسلەپكى لايىھە)، 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە يۆتكىمە چىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش خىزمەت ئەھۋالى توغرىسكى دوكلات ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا مەخسۇس تېمىدا سۈرۈشتۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق مۇھىت ئەھۋالى ۋە مۇھىت ئاسراش نىشانىنى تاماملاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئادۋوكاتلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى» ھەم «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2020 - يىللىق تىيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدۇ ۋە قاراپ چىقىلدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بەزى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى توختىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدۇ ۋە قاراپ چىقىلدۇ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەكلىپ لايىھەسى قاراپ چىقىلدۇ.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە يۆتكىمە چىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى قاراپ چىقىلدى.